## 31822 ـ ھەجنىڭ سۈپىتى

### سۇئال

ھەجنى تەپسىلى سۈپەتلەپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟. ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەرز ھەج بولسا تائەت ـ ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ھەج ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشىدە ئاساسى مەقسەت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلمىسا بەندىنىڭ دىنى كامىل بولمايدىغان ئىسلامدىكى بەش ئاساسى پىرىنسىپنىڭ بىرىدۇر.

تائەت ـ ئىبادەت ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك شەرت تولۇق بولىشى كېرەك:

بىرىنچى: تائەت ـ ئىبادەتنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش. شۇنداقلا تائەت ـ ئىبادەتنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەتتىكى ئەبەدىيلىك نېمەتلەرگە ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن قىلىش، يەنى رىياخورلۇق، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە قىلماسلىق كېرەك.

ئىككىنچى: ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش كېرەك. رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش بولسا ئۇنىڭ ھەدىس ـ سۈننەتلىرىنى مۇكەممەل بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەج ئىبادىتى بولسۇن ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىنىڭ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى ئۈچۈن، چوقۇم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگىنىشى لازىم.

تۆۋەندە ھەجنىڭ سۈپىتى ـ خاراكتېرىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئىخچاملاشتۇرۇپ بايان قىلىمىز. بىز ئىلگىرى 31819 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ئۆمرە قىلىشنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان، بۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

ھەج ئىبادىتى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

ھەج ئىفراد.

ھەج تەمەتتۇئ.

ھەج قىران.

ھەج تەمەتتۇئ: ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى ھەج ئايلىرىدا (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججىدىن ئىبارەتتۇر.) [شەرھۇل مۇمتىئ ناملىق ئەسەر 7-توم 62-بەتكە قارالسۇن] پەقەت ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىدۇ، مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋىدە سەئيىقىلىپ، چېچىنى ئالدۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىدۇ، تەرۋىيە كۈنى بولغاندا، بۇ زۇلھەججە ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى بولۇپ، يالغۇز ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرام كىيىدۇ ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، تەمەتتۇئ ھەج قىلغان كىشى دەسلەپتە ئۆمرە قىلىدۇ كېيىن كامىل ھەج قىلىدۇ.

ھەج ئىفراد: پەقەت ھەجنىلا مەقسەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىدۇ، مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، دەسلەپكى كېلىش تاۋاپىنى قىلىدۇ، ھەج ئۈچۈن ساپا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيىقىلىدۇ، چېچىنى ئالدۇرمايدۇ ياكى قىسقارتمايدۇ بەلكى قۇربان ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغانغا قەدەر ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقىدۇ، ساپا-مەرۋىدە سەئيىقىلىشنى ھەجنىڭ پەرز تاۋاپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىلسىمۇ بولىدۇ.

ھەج قىران: دەسلەپتە ئېھرامغا كىرگەندە ھەج بىلەن ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ بىرلا ئېھرامغا كىرىش ياكى دەسلەپتە ئۆمرىنى مەقسەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىپ، ئاندىن تاۋاپىنى باشلاشتىن ئىلگىرى ھەجنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ كىشى تاۋاپ قىلغاندا ۋە ساپا-مەرۋە قىلغاندا ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىللە ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ (نىيەت قىلىدۇ).

ھەج قىران قىلغۇچى يالغۇز ھەج قىلغۇچىغا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قىلىدۇ، لېكىن قىران ھەج قىلغۇچى چوقۇم قۇربانلىق قىلىدۇ، يالغۇز ھەج قىلغۇچى قۇربانلىق قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك ھەجنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىتەمەتتۇئ ھەج بولۇپ، ئەينى زاماندا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەن ساھابىلارنى ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇپ ئۇلارنى تەمەتتۇ ھەج قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن، ھەتتا ئىنسان دەسلەپتە قىران ياكى يالغۇز ھەجنى مەقسەت قىلىپ ئېھرامغا كىرگەن بولسا، گەرچە دەسلەپكى كېلىش تاۋىپى بىلەن ساپا-مەرۋە قىلىپ بولغان بولسىمۇ، تەمەتتۇئ ھەج قىلىش ئۈچۈن نىيىتىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزى ھەج قىلغان يىلى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن ساھابىلاردىن قۇربانلىق مال ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى ئېھرامنى ئۆمۈرگە ئۆزگەرتىپ چاچنى ئالدۇرۇپ

ياكى قىسقارتىپ ئىهرامدىن چىقىشقا بۇيرۇپ: ئەگەر مەنمۇ قۇربانلىق مال ئىلىپ كەلمىگەن بولسام، سىلىگە بۇيرىغان ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلاتتىم دىگەن.

ئىهرام: بىز يۇقىرىدا مۇراجىئەت قىلىشنى ھاۋالە قىلغان سوئالنىڭ جاۋابىدا ئىهرامنىڭ سۈننەتلىرىدىن: يۇيۇنۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ناماز ئوقۇش قاتارلىق سۈننەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىهراملىقنى كىيىپ نامازدىن كىيىن ياكى ئۇلاغقا (قاتناشقا) مىنىپ بولغاندىن كىيىن تەلبىيە ئىيتىپ ئىهرامغا كىرىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئەگەر تەمەتتۇئ ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا: ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دەپ نىيەت قىلىدۇ، قىران ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا: ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرە بىلەن ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دەپ نىيەت قىلىدۇ. يالغۇز ھەج قىلىشنىلا مەقسەت قىلغان بولسا: ئى ئاللاھ! مەن ھەج قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دەپ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن كىيىن: ئى ئاللاھ! مەن رىيا قىلىش ياكى كۆز_كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت سىلىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن ھەج قىلىمەن دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تەلبىيە ئىيتقاندەك تەلبىيە ئىيتىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىيتقان تەلبىيەلەردىن: «مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ! مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سىنىڭ ھىچ شىرىكىڭ يوق، بارلىق مەدھىيلەر، نىمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭا خاستۇر، سىنىڭ ھىچ شىرىكىڭ يوقتۇر». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ يۇقىرىدا ئىيتىلغان تەلبىيگە مۇنۇ سۆزلەرنى زىيادە قىلاتتى: «مەن ھازىرمەن، خىزمىتىڭگە تەييارمەن، ھەممە ياخشىلىق سىنىڭ قولۇڭدىدۇر، سىنىڭ ساۋابىڭنى كۆزلەپ ئەمەل قىلىمىز». ئەرلەر بۇ سۆزلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئىيتىدۇ. ئاياللار بولسا يىنىدىكى كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا ئىيتىدۇ. ئەگەر يىنىدا يات ئەرلەر بولسا مەخپى ئىيتىدۇ.

ئەمما ئىهرامغا كىرىشنى مەقسەت قىلغان كىشى، كىسەللىك ياكى دۈشمەن ياكى توسۇلۇپ قىلىش قىلىش قاتارلىق ئىشلار سەۋەبىدىن ھەج_ئۆمرە پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرىسە، ئىهرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا مۇنداق شەرت قىلسا بولىدۇ: " كىسەللىك ياكى دۈشمەن ياكى باشقا سەۋەبلەردىن بىرەر جايدا پائالىيەتنى ئادا قىلىشتىن توسۇلۇپ قالسام شۇ جاي مىنىڭ ئىهرامدىن چىقىدىغان ئورنۇم" دەيدۇ. چۈنكى دۇبائە بىنتى زۇبەير ئىهرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا كىسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرىشكە بۇيرۇپ: سىز شەرت قىلغان ئىشقا ئاللاھ تائالا سىزگە گۇۋاھ يازمايدۇ.[بۇخارى رىۋايىتى 5089. مۇسلىم رىۋايىتى1207].

شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرگەندە، شەرت قىلغان ئىش يۈز بىرىپ پائالىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتىن توسۇلۇپ قالسا، ئۇ كىشى شۇ يەردە ئىهرامدىن چىقىدۇ، ئۇ كىشىگە ھىچ قانداق جازا كەلمەيدۇ.

پائالىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشقا ئىشەنچىسى بولغان باشقا چەكلىمىلەرگە ئۇچراشتىن ئەنسىرىمەيدىغان كىشىلەرنىڭ شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرمىدى، باشقا ساھابىلارنىمۇ شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرىشكە بۇيرۇمىدى، پەقەت دۇبائە بىنتى زۇبەير كىسەل بولغاچقا ئۇنى شەرت بىلەن ئىهرامغا كىرىشكە بۇيرىدى.

ئېھرامغا كىرىگەن كىشى تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىشى كېرەك، بولۇپمۇ ئورۇن ۋە ۋاقىت ئۆزگىرىشى بولغاندا يەنى ئۆستۈن جايغا ئۆرلىگەندە، تۆۋەنگە چۈشكەندە، كېچە بولغاندا ياكى كۈندۈز بولغاندا تەلبىينى كۆپ ئېيتىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ۋە جەننەتنى، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن دوزاختىن پاناھلىنىشىنى كۆپ سوراش كېرەك.

ئۆمرە پائالىيىتىدە ئېھرامغا كىرگەندىن باشلاپ، تاۋاپ باشلانغىچە تەلبىيە ئېيتىش يولغا قويۇلغان.

ھەج پائالىيىتىدە بولسا، ئېھرامغا كىرگەندىن باشلاپ قۇربان ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

مەككىگە كىرىش ئۈچۈن يۇيۇنۇش.

ئىمكانىيەت بولسا مەككىگە يېقىنلاشقاندا يۇيۇنۇپ كىرىش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇئۆز ۋاقتىدا مەككىگە كىرىدىغان ۋاقىتتا يۇيۇنۇپ كىرگەن.

ھەرەم مەسچىتىگە كىرگەندە، ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن، ئى ئاللاھ! مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن. مەن ئۈچۈن رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئېچىۋەتكىن، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىغا، رەھىم ـ شەپقىتىگە ۋە ئەزەلدىن مەڭگۈ داۋام قىلغۇچى بولغان پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» ئاندىن تاۋاپنى باشلاش ئۈچۈن ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىدۇ. 31819 – نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ھەجنىڭ سۈپەتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ساپا ـ مەرۋە قىلىش ئۈچۈن سەئيى قىلىدىغان جايغا كېلىدۇ. 31819 – نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا سەئيى قىلىشنىڭ سۈپەتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھەج تەمەتتۇئ قىلغۇچى، دەسلەپتە ئۆمرە ئۈچۈن سەئيى قىلىدۇ، ئىفراد ياكى قىران قىلغۇچىلار ھەج قىلىش ئۈچۈن ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ، ئۇلار سەئيى قىلىشنى پەرز تاۋاپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىلسىمۇ بولىدۇ.

چاچنى تولۇق ئالدۇرۇش ياكى قىسقارتىش.

ھەج تەمەتتۇئ قىلغۇچى ساپا ـ مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەر كىشى بولسا چېچىنى تولۇق ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ، چاچنى قىسقارتقاندىن تولۇق ئالدۇرۇش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: چاچنى تولۇق ئالدۇرغانلار ئۈچۈن ئۈچ قېتىم، قىسقارتقانلار ئۈچۈن بىر قېتىم دۇئا قىلغان. [مۇسلىم رىۋايىتى 1303 – ھەدىس].

ھەج ۋاقتى يېقىنلىشىپ بېشىغا چاچ ئۈنگىدەك ۋاقىت قالمىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۆمرە قىلغاندا چاچنى قىسقارتىپ، ھەج قىلغاندىن كېيىن تولۇق ئالدۇرۇۋېتىش ياخشى بولىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغان يىلى، ساھابىلارنى ئۆمرە قىلغاندا چېچىنى قىسقارتىشقا بۇيرىغان، چۈنكى ئۇلار مەككىگە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 4 – كۈنى ئەتىگەندە يېتىپ كەلگەن،

مىناغا چىقىشقا پەقەت تۆت كۈنلا قالغان ئىدى. ئايال كىشى بولسا چېچىنىڭ ئۇچىدىن بارماق مىقدارى قىسقارتىدۇ.

يۇقىرىقى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش بىلەن تەمەتتۇ ھەج قىلغۇچىنىڭ ئۆمرىسى ئادا بولىدۇ، ئۇلار ئېھرامدىن تولۇق چىقىدۇ، ئېھرامغا كىرمىگەن كىشىلەر قىلىدىغان، كىيىم-كېچەك كىيىش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئىفراد ۋە قىران ھەج قىلغۇچىلار بولسا، سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ چېچىنى تولۇق ئالدۇرمايدۇ ياكى قىسقارتمايدۇ، ئېھرامدىن چىقمايدۇ، بەلكى ئۇلارقۇربان ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ.

زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى يەنى تەرۋىيە كۈنى بولغاندا، تەمەتتۇئ ھەج قىلغۇچى شۇ كۈنى چاشكا ۋاقتى بىلەن مەككىدە ئۆزىنىڭ تۇرغان يېرىدىن ئېھرامغا كىرىدۇ. ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا يۇيۇنۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشتىلىش ۋە ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ياخشى بولىدۇ. ئاندىن ئېھرامنى كىيىپ ھەجنى نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىپ: ئى ئاللاھ! مەن ھەجگە ھازىرلاندىم،دەيدۇ.

كېيسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن ھەجنى تولۇق ئادا قىلىشتىن ئەنسىرىگەن كىشى شەرت قىلىپ ئېھرامغا كىرىپ: "بىرەر توسالغۇ مېنى ھەج پائالىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتىن توسۇپ قويىسا، شۇ يەر مېنىڭ ئېھرامدىن چېقىدىغان ئورنۇم" دەيدۇ. بىرەر پىشكەللىكتىن ئەنسىرىمىسە ئېھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا شەرت قىلىش كېرەك بولمايدۇ، قۇربان ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىشنى باشلىغانغا قەدەر تەلبىيەنى ئۈنلۈك ئېيتىش ياخشى بولىدۇ.

مىناغا مېڭىش.

تەرۋىيە كۈنى مەككىدىن مىناغا چىقىپ ئۇ يەردە پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە بومدات نامازلىرىنى قەسىر قىلىپ ئايرىم-ئايرىم ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ مىناغا چىققاندا ئىككى نامازنى جۇغلىماستىن، ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا قەسىر قىلىپ ئوقۇغان. نامازنى قەسىر ئوقۇش دېگەن: تۆت رەكەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇش دېمەكتۇر. مەككىلىكلەر ۋە باشقا جايدىن كەلگەنلەر ئوخشاشلا مىنا، ئەرەپات ۋە مۇزتەلىپىدە نامازنى قەسىر ئوقۇيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەج قىلغان يىلى كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەن ئۇلار بىلەن مەككىلىك كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى نامازنى تولۇق ئوقۇشقا بۇيرۇمىغان، ئەگەر مەككىلىكلەر ئۈچۈن نامازنى تولۇق ئوقۇش زۆرۈر بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنى مەككە ئازات بولغان كۈنىدە تولۇق ئوقۇشقا بۇيرىغاندەك مىنادىمۇ تولۇق ئوقۇشقا بۇيرىيتتى، لېكىن ھازىر مەككىنىڭ شەھەر دائىرىسى كېڭىيىپ مىنانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى، مىنا خۇددى مەككىنىڭ بىر مەھەللىسىگە ئوخشاپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر مەككىلىكلەر مىنادا نامازنى قەسىر ئوقۇمايدۇ.

ئەرەپاتقا مېڭىش:

زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى يەنى ئەرەپات كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن مىنادىن ئەرەپاتقا مېڭىپ، مۇمكىن بولسا پېشىن ۋاقتىغىچە نەمىرە دېگەن جايغا چۈشىدۇ، بۇ جاي ئەرەپاتقا تۇتىشىدىغان جاي، مۇمكىن بولمىسا چۈشمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇ جايغا چۈشۈش سۈننەت بولۇپ، ۋاجىپ ئەمەس. كۈن ئېگىلگەن ۋاقىتتا يەنى پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەندە، پېشىن بىلەن ئەسىرنى بىرگە جۇغلاپ ئىككى رەككەتتىن ئوقۇيدۇ، يەنى ئەسىرنى پېشىننىڭ ۋاقتىغا تارتىپ ئوقۇيدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ئەرەپاتتا ئۇزۇنراق دۇئا قىلىش ئۈچۈن ئىككى نامازنى جۇغلاپ ئوقۇغان.

نامازدىن كېيىن ئاللاھنى ياد قىلىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالاغا يىلىنىشقا يۈزلىنىدۇ، ئەرەپات تېغىغا ئارقىسىنى، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ تاغنىڭ يېنىدا تۇرۇپ: مەن بۇ يەردە تۇردۇم، ئەرەپاتنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان جاي، دېگەن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇقەددەس ئورۇندا ئەڭ كۆپ ئوقۇغان دۇئاسى: بىر ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، دېگەن دۇئادىن ئىبارەتتۇر.

دۇئادىن چارچاپ قالسا، ھەمراھلىرى بىلەن مەنپەئەتلىك سۆزلەرنى قىلىشسا ياكى ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرىمى توغرىسىدىكى پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇسا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈندىكى ئاللاھ تائالاغا قىلىدىغان تىلەك-ئۈمىدلىرى كۆچلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشقا يۈزلىنىدۇ، بولۇپمۇ كۈندۈزنىڭ ئاخىرىقى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، چۈنكى پائالىيەت جەريانىدىكى ئەڭ ياخشى دۇئا ئەرەپات كۈنىدە قىلىنغان دۇئادۇر.

مۇزدەلىپىگە مېڭىش.

ئەرەپات كۈنى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇزدەلىپىگە ماڭىدۇ، ئۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ بىر ئەزان ۋە ئىككى تەكبىر بىلەن شام-خۇپتەننى ئوقۇيدۇ. ئەگەر يېرىم كېچىگىچە مۇزدەلىپىگە يېتىپ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە، شام-خۇپتەننى يولدا ئوقۇيدۇ، چۈنكى نامازنىڭ ۋاقتىنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ.

كېچىدە مۇزدەلىپىدە قونىدۇ، تاڭ سۈزۈلگەندە ئەزان ئوقۇپ، تەكبىر ئېيتىپ بامداتنى ئەۋۋەلقى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ ئاندىن ھازىر مۇزدەلىپىدە بار بولغان مەسچىتنىڭ ئورنى بولغان مەشئەرىل ھەرەم دېگەن جايغا كېلىپ، ئەتراپ يوپ-يورۇق بولۇپ كۈن چىققۇچە بولغان ۋاقىتتا ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان دۇئالارنى قىلىدۇ، ئەگەر قىستاڭچىلىق ياكى باشقا سەۋەپلەر بىلەن مەشئەرىل ھەرەمگە بېرىش مۇمكىن بولمىسا، ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىدا دۇئا قىلىدۇ، چۈنكى
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: مەن بۇ يەردە تۇردۇم، مۇزدەلىپىنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان ئورۇن دېگەن. ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاپ دۇئا قىلغاندا قولنى كۆتۈرۈپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدۇ.

مىناغا مېڭىش.

ئەتراپ تولۇق يورۇپ كۆن چېقىشتىن ئىلگىرى مىناغا يۈرۈپ كېتىدۇ، مىنا بىلەن مۇزتەلىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدىن تىز ئۆتۈپ كېتىدۇ، مىناغا يېتىپ كەلگەندە، مەككە تەرەپكە يېقىن بولغان ئاخىرقى چوڭ شەيتانغا باقلا ياكى دادۇرنىڭ چوڭلۇقىدا بولغان يەتتە تال تاشنى بىر-بىرلەپ ئارقىمۇ-ئارقا ئاتىدۇ، سۈننەت بويىچە قۇربان ھېيت كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقان ۋاقىتتا مەككىنى سول تەرىپىگە، مىنانى ئوڭ تەرىپىگە قىلىپ شەيتانغا قاراپ تاش ئاتىدۇ، تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ھەدىيە قىلىدىغان مالنى بوغۇزلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەر چېچىنى تولۇق ئالدۇرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ، ئاياللار بولسا چېچىنىڭ ئۇچىدىن بارمىقىنىڭ مىقدارىدا كېسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاجىلار بىرىنچى قېتىملىق ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۈچۈن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھەممە ئىشلار دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىگە كىرىپ ھەج ئۈچۈن تاۋاپ ، ساپا-مەرۋە قىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئېھرامدىن تولۇق چىققان بولۇپ ئۇلار ئۈچۈن جايىز بولغان ھەممە نەرسە دۇرۇس بولىدۇ. تاش ئېتىپ، چاچنى ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەككىگە كىرىپ تاۋاپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتتا، سۈننەت بويىچە، پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ئېھرامدىن چىقىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۈرتۈپ قوياتتىم دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى 1539-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1189-ھەدىس].

كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋىنى سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مىناغا قايتىپ چىقىپ كېتىپ، ئون بىرىنچى ۋە ئون ئىككىنچى كۈنلىرى كېچىسى مىنادا قونىدۇ، ھەر كۈنى كۈن ئېگىلگەندە، بىرىپ ئۈچ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، ياخشىسى تاشنى مېڭىپ بېرىپ ئېتىش كېرەك، ئەگەر قاتناش ۋاستىلىرى بىلەن بارسىمۇ بولىدۇ، دەسلەپتە مەككىدىن ئەڭ يىراقتا بولغانخەيپ مەسچىتىگە يېقىن بولغان بىرىنچى شەيتانغا ئارقا-ئارقىدىن يەتتە تال تاش ئاتىدۇ، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن ئازراق ئالدىغا مېڭىپ ئۆزى ياقتۇرىدىغان دۇئالار بىلەنئۇزۇن ۋاقىت دۇئا قىلىدۇ، ئەگەر ئۇزۇن تۇرۇپ دۇئا قىلىشتىن چارچاپ قالسا، سۈننەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ قىسقا، ئاسان دۇئالارنى قىلىپ ماڭىدۇ.

ئاندىن ئوتتۇرانچى شەيتاننىڭ يىنىغا كېلىپئارقىمۇ-ئارقا يەتتە تال تاش ئاتىدۇ، ھەر بىر تاشنى ئاتقاندا تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن سول تەرەپكە ئۆتۈپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىبلىگە يۈزلىنىپ مۇمكىن بولسا ئۇزۇن دۇئا قىلىدۇ، بولمىسا قىسقا بولسىمۇ دۇئا قىلىدۇ، قىستىلىپ قالىمىز دەپ دۇئا قىلماي مېڭىش ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇ يەردە تۇرۇپ دۇئا قىلىش سۈننەت، كۆپچىلىك كىشىلەر بۇ سۈننەتكە سەل قارايدۇ. سەل قاراش بىلمەسلىكتىن ياكى ئاددى قارىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق بىر سۈننەت ئەمەل تاشلىنىپ قالىدىكەن ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرۈش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا تارىتىشۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە تەرك قىلماسلىق ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ شەيتانغا ئارقىمۇ-ئارقا يەتتە تال تاشنى تەكبىر ئېيتىپ ئاتىدۇ ۋە بۇ يەردە دۇئا قىلمايلا قايتىپ كېتىدۇ.

زۇلھەججىنىڭ 12-كۈنى تاشنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن خالىسا مىنا دائىرىسىدىن چىقىپ كەتسە بولىدۇ، ئەگەر يەنە بىر كۈن

تۈرۈشنى خالىسا، مىنادا قونۇپ 13-كۈنى ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا كۈن ئىگىلىگەندىن كېيىن بىرىپ تاشنى ئېتىپ قايتىدۇ. 13-كۈنى تۈرۈش ۋاجىپ ئەمەس بەلكى ياخشىدۇر. ئەمما 12-كۈنى تاشنى ئېتىپ بولۇپ كۈن ئولتۇرۇپ بولغىچە مىنا دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىسە، ئۇ كىشى مىنادىن كۈن پاتقۇچە چىقىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن 13- كېچىسى قونۇپ ئەتىسى كۈن ئىگىلىگەندىن كېيىن تاش ئېتىپ قايتىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى 12-كۈنى مىنادىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ماشىنا كۆپ، يول قىستاڭچىلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن چىقىپ كېتەلمىگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن مىنادا قونۇش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېچىكمىدى.

مەككىدىن ئايرىلىپ ئۆز يۇرتىغا كېتىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتدا كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: كېتىشتىن بۇرۇن كەبىنى تاۋاپ قىلماي تۇرۇپ، ھېچ كىشى مەككىدىن ئايرىلمىسۇن. [مۇسلىم رىۋايىتى1327-ھەدىس].

يەنە بىر ھەدىستە: كىشىلەر مەككىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇلدى، ئادەت كۆرۈپ قالغان ئاياللاردىن بۇ ھۆكۈم كەچۈرۈم قىلىندى. [بۇخارى رىۋايىتى 1755-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1328-ھەدىس].

ئادەت كۆرۈپ قالغان ۋە نىپاسدار ئاياللار ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىغان، ئۇلارنىڭ خوشلاشمىز دەپ ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىشىكىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئەسەر بايان قىلىنمىغان.

مەككىدىن ئايرىلىپ سەپەر قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتتا ھەرەمدە قىلىدىغان ئاخىرقى ئىش خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىش بولىدۇ، خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىپ بولۇپ، ھەمراھلىرىغا ساقلاپ قالسا ياكى يۈك-تاقلىرىنى ماشىنىغا بېسىش ياكى يولدا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىچىككىپ قالسا بۇنداق ھالەتتە خوشلىشىش تاۋىپىنى قايتا قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما سەپەرگە چىقىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن بولسا، يەنى ئەتتىگەندە يولغا چىقىمىز دەپ خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىپ بولۇپ، كېيىن يولغا چىقىش ۋاقتىنى كەچكە ئۆزگەرتكەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا خوشلىشىش تاۋىپىنى قايتىدىن قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاخىرقى ئىشىڭلار كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولسۇن دېگەن.

پائىدە: ھەج-ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام كىيگەن كىشىلەرگە زۆرۈر بولىدىغان ئىشلار:

1- ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ناماز قاتارلىق ئەمەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىش كېرەك.

2-ئاللاھ تائالا چەكلىگەن گۇناھ-مەسىيەت، پىسقى-پۇجۇر ۋە ناچار سۆز-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە ئۇرۇش جېدەل قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. [سۈرە بەقەرە

197– ئايەت].

3–مۇقەددەس ئورۇنلاردا ۋە باشقا جايلاردا ئاغزاكى ياكى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

4– ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلاردىن يىراق بولۇش.

ئا–ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن بەدەننىڭ موي‌لىرىدىن، تىرناقتىن ھېچ نەرسىنى ئالماسلىق. تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەر كىرىپ كەتكەن بولسا ئېلىۋەتسە بولىدۇ، ئۇ جەرياندا قان چىقىپ كەتسىمۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

ب–ئېھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن بەدىنى ياكى كىيىمى، يېمەك–ئېچمەكلىرىگە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىك، خۇشپۇراقلىق سوپۇنلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئەمما ئېھرامغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن خۇشبۇي نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرى بولسا بۇنىڭ ھېچ زىيىنى يوقتۇر.

ج–ئېھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ.

د– ئەر–ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلمايدۇ.

ھ–شەھۋەت بىلەن ئايالىنى قوچاقلىمايدۇ ياكى سۆيمەيدۇ ۋە باشقا ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىدۇ.

و–ئۆزى ئۆچۈنمۇ ياكى باشقىلار ئۈچۈنمۇ نىكاھ خۇتبىسى قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزى ئۈچۈن ياكى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ئاياللارغا توي تەكلىپى قويمايدۇ.

ز– ئېھراملىق ھالەتتە قوللىرىغا پەلەي كەيمەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئېھراملىق ھالەتتە قىلىش چەكلەنگەن يەتتە تۈرلۈك ئىش ئەر–ئاياللار ئۈچۈن ئوخشاشتۇر.

ئەرلەرگە خاس بولغان ئىشلار:

ئا–ئېھرامدا بېشىنى دوپپا ياكى ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ياپمايدۇ ئەمما كۆنلۈك، ماشىنىنىڭ دالدىسى، چېدىرلار ۋە باش ئۈستىدە كۆتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ سايىسى بىلەن سايىدىسا بولىدۇ.

ب–ئېھراملىق ھالىتىدە كۆينەك، سەللە، قالپاق، ئىشتان ۋە ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى كەيمەيدۇ. ئەمما ئاستى تەرەپىنى يۆگەشكە بىر نەرسە تاپالمىسا ئىشتان كىيسە بولىدۇ، ئاياغ تاپالمىسا ئۆتۈك كىيسە بولىدۇ.

ج_يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئىھراملىق ھالىتىدە تون چاپان، شىلەپە، دوپپا ۋە ئىچ كۆينەك_كۇسار دېگەندەك نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ.

د_ئاياغ كىيسە، ئۈزۈك سالسا، كۆز ئەينەك تاقىسا، قۇلىقىغا ئاڭلاش ئۈسكىنىسى سالسا، قولىغا سائەت سالسا، بوينىغا بىرنەرسە ئاسسا ياكى پۇل سالىدىغان ھەميان ياكى سومكا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتسە دۇرۇس بولىدۇ.

ھ_خۇشبۇي بولمىغان نەرسىلەر بىلەن بەدەننى تازىلىسا، يۇيۇنسا بولىدۇ، بېشىنى، بەدىنىنى قاشلىسا ئىختىيارسىز بىرەر تال موي چۈشۈپ كەتسە ھېچ ئىش بولمايدۇ.

ئاياللار يۈزىگە نىقاپ كىيمەيدۇ، چۈمبەلمۇ تارتمايدۇ. سۈننەت بويىچە ئاياللار يات ئەرلەر بولمىغان جايلاردا يۈزىنى ئوچۇق قويىدۇ. يات ئەرلەر مەۋجۇت بولغان يەرلەردە بولسا يۈزىنى يېپىۋالىدۇ...".

شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ "ھەج_ئۆمرە پائالىيىتى"، شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھنىڭ "ھەج_ئۆمرىنى مەقسەت قىلغانلارغا كۆرسەتمە" ناملىق ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.